# شى جىنپىڭ كىرىباتى زۇڭتۇڭى ماماۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق سارىيىدا كىرىباتى زۇڭتۇڭى ماماۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى يىل باشلىنىشى بىلەن، دۇنيادا خۇش خەۋەر، شۇم خەۋەرلەر گىرەلىشىپ، مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللار كۆپەيدى. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتى دەل بېيجىڭدا يېڭى يىلدا ياغقان تۇنجى قارغا توغرا كەلدى. جۇڭگودا، خاسىيەتلىك قار مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ دەيدىغان گەپ بار. بىزنىڭ ئىشەنچىمىز باركى، 2020 - يىلى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇلتۇر 9 - ئايدا، جۇڭگو كىرىباتى بىلەن بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاساسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن كىرىباتى ھۆكۈمىتى تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى ۋە سىياسىي جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلام - دەرىجىدىكى ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىپ، نۇرغۇن دەسلەپكى مەزگىللىك نەتىجىگە ئېرىشتى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو بىلەن كىرىباتىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ. زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىم زىيارەتكە كېلىشى جۇڭگو - كىرىباتى مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئابىدە. بىز كىرىباتى تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ چوڭ - كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرىدۇ، «دۆلەت قۇدرەت تاپسا زومىگەر بولىدىغان» ئىشنى قىلمايدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. جۇڭگو تەرەپ كىرىباتى تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، كىرىباتى تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىكلەر ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ. بۇ قېتىم ئىككى دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش چۈشىنىش ئەسلەتمىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئىمزالىدى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى «كىرىباتىنىڭ 20 يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى» بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىسىنىڭ كىرىباتىغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ كىرىباتىنى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۆمەك تەشكىللەپ چېگرادىن چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان مەنزىلگاھ دۆلەت قىلىپ تەستىقلىدى، ئىككى تەرەپ ئادەمىيەت ئالاقىسى ۋە يەرلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىسە بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپ كىرىباتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، تىنچ ئوكيان ئارال دۆلەتلىرى مۇنبىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم ئىچىدە ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى رامكىسى ئىچىدە كىرىباتى تەرەپنىڭ كېلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشىغا داۋاملىق مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

ماماۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كىرىباتى تەرەپ كاشىلىنى تۈگىتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور قارارنى چىقاردى، بۇ، جۇڭگوغا بولغان ئىشىنىش ۋە ئىشەنچنى ئاساس قىلغان. كىرىباتى بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىنىگە ئۇزاق بولمىدى، لېكىن ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەن شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، كىرىباتى تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى قوللايدۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى قوللايدۇ. كىرىباتى تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قىممەتلىك قوللىشىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىقتىساد - سودا، سېلىنما، ساياھەت، بېلىقچىلىق، مائارىپ، سەھىيە، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كىرىباتى تەرەپ جۇڭگونىڭ دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان مۇھىم رولىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، جۇڭگونىڭ جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە پائال كۈچ چىقىرىپ، كىرىباتى قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە ياردەم بەرگەنلىكى، كېلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. كىرىباتى تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە كىرىباتى - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىدا ماماۋ ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ لىيۈەن، ياڭ جيېچى، جى بىڭشۈەن، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ، لىيۇ شىنچېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ لائوس زۇڭلىسى تۇڭ لۈن بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق سارىيىدا لائوس زۇڭلىسى تۇڭ لۈن بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ تۇڭ لۈنغا باش شۇجى، دۆلەت رەئىسى بېن ياڭخىغا يېڭى يىللىق تىلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن لائوس ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى ھەمراھ، تېخىمۇ مۇھىمى تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىزنىڭ سىياسىي خىسلىتىمىز، ئىككى تەرەپ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، قويۇق يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بويىچە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئورتاق ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى، ئىككى دۆلەت ھەم كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشىنى داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېلەر يىلى جۇڭگو - لائوس دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا قەدەم قويىدى. بىز لائوس تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - لائوس ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۆمۈريول، ئىقتىساد باغچە رايونى قاتارلىق چوڭ تۈرلەردىكى ھەمكارلىقنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - لائوس ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

تۇڭ لۈن باش شۇجى، دۆلەت رەئىسى بېن ياڭنىڭ رەئىس شى جىنپىڭغا يوللىغان سەممىي سالىمىنى يەتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنى چوقۇم قەرەلىدە قۇرۇپ چىقىپ، «بىرىنچى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۇڭ لۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ، جۇڭگونىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتقانلىقىنىڭ لائوسنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدىغانلىقى، لائوسنى قەتئىي سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن باش شۇجى بېن ياڭ ھاسىل قىلغان لائوس - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ھەرىكەت پىلانى لائوس - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۈچۈن كەلگۈسىنى پىلانلاپ بەردى، يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى، لائوس تەرەپ ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. لائوس تەرەپ لائوس - جۇڭگو تۆمۈريولى قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ لائوسنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# «شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان مۇھىم سۆزلىرى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** «شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان مۇھىم سۆزلىرى» ناملىق كىتاب يېقىندا جەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە، ئىنگلىزچە نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا تارقىتىلدى.

2019 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم، زور تەبرىكلەش مۇراسىملىرىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرى يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلدىن بۇيانقى توسالغۇلارنى سۆرۈپ تاشلاش، جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداپ كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېگىلمەي - سۇنماي، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش زەپەر مارشىنى ياڭراتتى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ «قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش»تەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى نامايان قىلدى، جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قەتئىي ئىرادىسىنى جاكارلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، پارتىيە رايى، ئارمىيە رايى، خەلق رايىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، خەلقئارا جەمئىيەتتە يۈكسەك دىققەت ۋە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

«شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان مۇھىم سۆزلىرى» ناملىق كىتابقا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىكلەش يىغىنى، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمى، دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدىن ئۈچ پارچە كىرگۈزۈلگەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، باشلىنىش يىغىنىنىڭ رىياسەتچىسى شاۋكەت ئىمىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

يىغىن قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. دوكلات جەمئىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى، 2019 - يىللىق خىزمەتلەرگە نەزەر؛ ئىككىنچى، 2020 - يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلەر؛ ئۈچىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۈچەيتىش.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2019 - يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مۇھىم ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۇق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى سەجىل ياخشىلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سەجىل مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدۇق، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى مۆلچەرىمىزدىكىدەك بولدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۇق.

شۆھرەت زاكىر جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سەجىل مۇقىملىقىنى كۈچەپ ساقلاش، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى سەجىل ياخشى قىلىش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش، مالىيە، پۇل مۇئامىلىنىڭ تىرەكلىك رولىنى ھەققىي جارى قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىڭتۇەننىڭ خىزمىتىنى قوللاش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆتكەن بىر يىلدىكى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2020 - يىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق كۆزلىمە نىشان: رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 5.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، پۈتۈن جەمئىيەت مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنى 5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسىنى 5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6% ئەتراپىدا، 7.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 4.5% ئىچىدە كونترول قىلىش، ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنى 3% ئەتراپىدا كونترول قىلىش، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى قېپقالغان نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى تاشلاش قاتارلىقلار.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2020 - يىلى نى - نى ئىشلارنى قىلالايدىغان مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچى، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بەشىنچى، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى تۈرتكىلىك كۈچى ئەڭ كۈچلۈك، خەلققە بەخت يارىتىشى ئەڭ كەڭ بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ ئالتىنچى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يەتتىنچى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ سەككىزىنچى، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك؛ توققۇزىنچى، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئونىنچى، پارتىيەنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئون بىرىنچى، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىنى قوللاشنى، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى ھەققىي كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن بايان قىلدى.

يىغىن قارالمىسىغا ئاساسەن، يىغىن ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈردى.

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەندىكى رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بار. ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم يولداشلار تەكلىپكە بىنائەن باشلىنىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ھەم ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى داۋاملىق ساقلاپ، ماھىيەتنىمۇ، ھادىسىنىمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سەجىل قويۇپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېجىل - ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى، ئىناق تەرەققىي قىلىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سەجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. پىلانلاش، قۇرۇش، باشقۇرۇشنى ماس ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەرنى پىلانلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەرنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، شەھەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياشاشقا باپ كېلىدىغان ئۆزگىچە شەھەر بەرپا قىلىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقمۇ بايلىق دەيدىغان ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆك ئاسمان، زۇمرەت سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بېجىرىشنى قولايلاشتۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىش ۋە تەمىنلەشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ھەققىي ياخشى بېجىرىپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.